# ئەقىل ئىنسانغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن

# ئەڭ بۈيۈك نېئمەت

[ئۇيغۇرچە]

العقل نعمة عظيمة وهب الله تعالى للإنسان

[باللغة الأويغورية]


د. سەئۇد ئىبنى ئىبراھىم ئەششۇرەيم

**الخطيب:د. سعود بن إبراهيم الشريم**

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

**المترجم:** سراج الدين عزيزي

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى**

**المراجعة:** ن. تمكيني



**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 – 2008**

islamhouse.com

# ئەقىل ئىنسانغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن

# ئەڭ بۈيۈك نېئمەت

**مەككە مۇكەررەمە ھەرەم مەسچىتىنىڭ 1429/6/17ھـ 2008-يىلى 6-ئاينىڭ 21-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى**

ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانغا:

" ئەقىل ئىنسانغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەڭ بۈيۈك نىمەت، قىممەتلىك گۆھەر بولۇپ ئۇنى ئۆزجايىدا ھىمايە قىلىپ پەرۋىش قىلىش لازىم " دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيە لەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئاللاھ ئادەم بالىسىنى بارلىق مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن،ئۇلۇغ ياراتتى. جانلىق جانسىز مەخلۇقلارغا بەرمىگەن خۇسۇسىيەتلەرنى بەردى. ئەقىلدىن ئىبارەت بۈيۈك نېئمەتنى ئاتا قىلىپ، بىلىم،چۈشەنچە تۇيغۇسى بىلەن زىننەتلىدى. ئىنسان بۇ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ياخشى-ياماننى، پايدا-زىياننى پەرق ئىتەلەيدۇ ۋە بۇ ھېسسىيات بىلەن دۇنيادا بەختلىك

ياشىيالايدۇ، ئەقىل ئارقىلىق بارلىق ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغدىغان ئاساستا ئېلىپ بارالايدۇ. ئەقىل ئارقىلىق ئۇممەتلەر تەرەققىي قىلىدۇ، ھايات مۇساپىسى يورۇشۇپ تۇرۇدۇ، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالالايدۇ.

ئىنسان ئەقىل بىلەن ئاللاھنىڭ تاپشۇرۇقىغا لايىق بولىدۇ. دېمەك ئەقىل ئىنسانغا نىسبەتەن قىممەتلىك گۆھەر، ئۇنى ئاللاھ دىققەت بىلەن ئاسراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەقىلنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەقىلنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەرلا ئەقلىنى ئۇلۇغلاپ، ئاساسى مەقسەت قىلىپ يارىتىلغان غايە ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ.

ئىنسان ئەقلىنى يوقاتقان تەقدىردە باشقا مەخلۇقلاردىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ. بەلكى ھايۋانلارنىڭ پايدىسى ئىنساندىن يوقۇرى بولۇپ قالىدۇ. ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدىن پايدا-مەنپەئەت كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە يۈك بولۇشتىن باشقىغا يارىمايدۇ.

ئىنسانلار ئىچىدە ئۆزىگە ئەھمىيەت بەرمەي تاشلىۋېتىدىغانلار، ئۆزىنى مۇناسىپ يول بىلەن قوغدىمايدىغانلارمۇ بار. بەلكى ئەقلىنى قوغداپ،پەرۋىش قىلغاننىڭ ئورنىغا ھاۋايى ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ،ئۆز ئەقلىنى ئۆز پۇتىدا دەسسەپ، چەيلەپ ۋەيران قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئىنسان ھاۋايى ھەۋەسنىڭ ئارقىغا كىرگەندىن كېيىنلا قەلب نۇرى بولغان مەنىۋى كۆزدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەقلىنى يوقاتقاندىن كېيىن ھاراق رومكىسى، ئاق تاماكو قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدۇ، ئۇ، شۇ ئارقىلىق ئەقلىنى يوقىتىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسى بىلەن خوشلىشىپ

ئادىمى ھايۋانلار دۇنياسىغا قېتىلىپ كېتىدۇ. ئالدىغا كەلگەن ئىشنى قىلىدىغان، ھارام، پاھىشىلەردىن تەپ تارتمايدىغان يەرگە يېتىدۇ. ئۇنداق ئىنسانلار كۆپەيگەن جەمئىيەتتە ھاياتلىق ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش پالەچ ھالەتكە كېلىدۇ، ئۇممەتنىڭ كۆركەم گەۋدىسى يىقىلىدۇ. مەس بولغان ئىنسان پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇيدۇ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ، چىرايى سۇرۇن بولىدۇ، ئىرادىسىنى ئۆلتۈرىدۇ، ھايا كۆتۈرۈلىدۇ، بالىلىرىنى يېتىم قىلىدۇ، ئايالىنى تۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى سوقۇپ تۇرسىمۇ مەنىۋىيتى ئۆلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ساماۋىي شەرىئەتلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئەقىل زۆرۈرىيىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

دەيمىزكى، ئەقىلنى ئاسراش ۋاجىپ. ئەقىلنى ھىمايە قىلىش ئىنسانىيەت مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىشتۇر. مەس قىلغۇچ ماددىلارنى ئىستىمال قىلىش ئارقىلىق ئەقىلنى يوقاتقانلار ئۆزىنى يوقىتىپلا قالماستىن مىللىتى، خەلقىنى يوقىتىپ جەمئىيەتنى ۋەيران قىلغان بولىدۇ. مەس بولۇش ئارقىلىق ئەقىلنى يوقىتىش قەبىھ ئىللەت بولۇپ، قېچىشقا تېگىشلىك يامان ئىشتۇر. ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار ھاراق-شاراپلارنى ئىچىپ كېچىلىرى ئۇخلىماي ئەيشى-ئىشرەت قىلاتتى، ئۇنى پەخىرلىنىش ۋاستىلىرىدىن بىر ۋاستە دەپ بىلەتتى. شۇڭلاشقا جاھىلىيەت شائىرلىرى ھاراق-شاراپنى مەدھىيىلەپ شېئىر، قەسىدىلەرنى تۈزگەن . ئۇلار شۇ ئارقىلىق بوش ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. ئەمما بۇنداق جاھىلىيەت دەۋرى ئاخىرلاشقىنىغا 14 ئەسىردىن ئاشتى.

ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئەقىل-ھۇشىنى ئاسراپ ھىمايە قىلمىغان مىللەت ۋەيران بولغان مىللەتتۇر. ھاراق-شاراپ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلارغا نىمە ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلمىدى!.

بىلىڭلاركى ! ھاراق شاراپ، زىنا پاھىشە،زەھەرلىك چېكىملىكنى خەلقى ئالەمدىن تەپ تارتماستىن ئاشكارا ئىچىش، چېكىشكە باشلىغان مىللەت بۇ دۇنيادا غەلبە قىلالمايدۇ. ! مىڭلارچە ، مىليونلارچە تەكرارلايمىزكى غەلبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.!!..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدا مىراج ۋەقەسى توغرۇلۇق سۆزلەپ مۇنداق دېگەن:« مىراج كېچىسى ئاسمانغا چىققاندا ئىككى قاچا كەلتۈرۈلدى، بىرىدە سۈت يەنە بىرىدە ھاراق بارئىكەن .ماڭا بۇ ئىككى قاچىدىن خالىغىنىڭنى تاللا دېيىلدى، مەن سۈتنى تاللاپ ئىچتىم. ماڭا توغرىنى تاپتىڭ دېيىلدى. ئەگەر ھاراقنى ئالغان بولسىڭىز ئۇممىتىڭىز پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بولاتتى، دېيىلدى» .

ئۇممەت ھېچقاچان ھاراقكەشكە ئەگەشمەيدىغانلىقى بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئاشكارلىنىدۇ. ئىنسانىي فىترەت(تەبىئەتنە) ھەم سۈت ھەمدە ھاراقتىن ئىبارەت ئىككى زىتلىق توپلاشمايدۇ. جاھىلىيەتنىڭ پەخرى ھېسابلىنىدىغان ھاراقنى ئىسلام دىنى كىلىپ تەدرىجى ھالدا قەتئى چەكلەپ ھارام قىلدى. مۇسۇلمان جامائەتلەر ھاراق شاراپ ۋەئۇنىڭ تۈرلىرىدىن قولىنى ئۈزدى . ئىسلام شەرىئىتى كىلىپ ئىنسانلارنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە كىرگۈزۈپ، بەندىگە قۇللۇق قىلىشتىن ئاللاھنىڭ قۇللۇقىغا ئېلىپ باردى .شۇ ئارقىلىق ساھابىلار ھەممىسى دېگۈدەك ھاراق-شاراپ ئورۇنلىرى بولغان مەيخانىلارنى ئەبەدى تاشلىدى .ساھابە كىراملار دىنىدا

شۇنداق مۇستەھكەم ئىدىكى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى نارازى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى شۇنچە كۆپ پايدا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ قىلمايتتى .

قارايدىغان بولساق بىزنىڭ دىيارلىرىمىزدا ھاراق-شاراپ، تاماكو، زەھەرلىك چېكىملىكلەر شۇنچە كۆپ تارقاپ ئومۇملاشقاننى كۆرىمىز، بۇمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ دىيارىمىزنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن قوللانغان بۇزۇش، ۋەيران قىلىش تەدبىرلىرىدىن بىرىدۇر. دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ-قۇدرەتلىرىنى خورىتىپ، چىرىتىش ئۈچۈن ھەرخىل ئاپەتلەرنى سىڭدۈرمەكتە .

مۇسۇلمانلار ئەۋلاتلىرىدىن يۈزمىڭلارچە ياش شۇ ئاپەتلەرگە گىرىپتار بولدى. ئۆزى، ئائىلىسى، ئەتراپىدىكىلەرنى ۋەيران قىلدى . ئۇلار ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆز قولى بىلەن قازغانلاردۇر. زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق-شاراپ ئاپىتى ئىنسانلارنى جانسىز، روھسىز مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . مەس قىلغۇچ بويۇملارنىڭ شەرىئەتتىكى ھاراملىقىدىن سىرت سەھىيە جەھەتتىن زىيانلىقى ئىنتايىن كۆپ. زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكنىڭ 120 خىلدىن ئارتۇق زىيىنى بارلىقىنى تىببى تەكشۈرۈشلەر ئىنىقلاپ چىققان. قىسقىسى ئىنسان مەس قىلغۇچى ماددىلارنى ئىستىمال قىلىش ئارقىلىق ئەقلىنى يوقاتقان تەقدىردە، ئۇ ئىنساننىڭ جەمئىيەتتە نېمە ئەھمىيتى قالىدۇ؟!..

جەمئىيەتتە زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق- شاراپ ئىستىمال قىلىش كۆپەيگەنسىرى جىنايى ئىشلار دىلوسى ھەسسىلەپ ئاشتى. جىنايەت سادىر بولۇش نىسبىتى تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى كۆتۈرۈلدى.

كېسسەپ ئېيتىمىزكى هاراقكەش پاسىقتۇر. ئۇنىڭغا سالام قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. كېسسەلنى يوقلاشقا بولمايدۇ. مېهمانغا چاقىرسا بېرىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ هاراق ئىچكۈچى، قۇيغۇچى، ساتقۇچى، سېتىۋالغۇچى، ياسىغۇچى، ياساشقا ياردەملەشكۈچى، كۆتۈرۈپ يۆتكىگۈچىلەردىن ئىبارەت هاراق بىلەن ئالاقىسى بولغان ھەرقانداق كىشىگە لەنەت قىلىدۇ.»

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى هاراق-شاراپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ يامان ئاپىتىدىن ساقلىسۇن، ئامىن.

(ئاللاھتىن جەمىيىتىمىزدىكى ئازغۇن يوللارغا كېرىپ قالغان شۇ قېرىنداشلىرىمىزغا هېدايەت ۋە ساغلام ئەقىل ئاتا قىلىشىنى تىلەش بىلەن بىرگە ئۆز ياراتقۇچىسى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تونۇيدىغان، مىللەت، ۋەتەن ئالدىدىكى ۋىجدانى بۇرچىنى ئادا قىلىدىغان ھەقىيقى ئىمانغا مۇيەسسەر قىلىشىنى تىلەيمىز.ئاللاھنىڭ ئۇلارغا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمۈت قىلىمىز.-م-)